ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى

ئاقتۇ ناھىيەسىدە:

# تاغ ئارىسىدىن كۆچۈپ چىقىپ «جىيايۈەن»گە كىردى ئاسمان - زېمىن كېڭەيدى

ئومۇمىي ھۇجۇم داۋاملاشماقتا ⑩

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ليۇ شياڭ

ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ تاغلىق يەر كۆلىمى 96%تىن ئاشىدۇ. ئېگىز تاغ، تىك چوققىلار ئىلگىرى تاغلىق رايوندىكى چارۋىچىلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولىنى توسۇپ قويغانىدى.

بىر جاينىڭ سۇ، تۇپرىقى شۇ جاينىڭ ئادەملىرىنى باقالمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش تەدبىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق، ئاقتۇ ناھىيەسىدىكى 2557 ئائىلىلىك 10 مىڭدىن ئارتۇق نامرات ئاھالە ئارقا - ئارقىدىن تاغ ئارىسىدىن كۆچۈپ چىقىپ، يېڭى تۇرمۇشقا ئاتلاندى.

## تاغدىن شەھەرگىچە

ئاقتۇ ناھىيە بازىرىدىن يولغا چىقىپ 20 مىنۇتتىن كېيىن، تاغ ئارىسىدىكى تۈزلەڭلىككە جايلاشقان سىلۇ جىيايۈەن ئولتۇراق رايونى خۇددى خىلۋەتتىكى گۈزەل ماكاندەك كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى.

يېپيېڭى يول چىراغلىرى، تۈپتۈز ئاسفالت يوللار، ئاپئاق رېشاتكىلار، قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىنالارنىڭ ئالدىدىكى گۈل - گىياھلار... لەرزان قومۇز ئاۋازىغا ئەگىشىپ، 6 - ئايدىكى قۇياش نۇرىدا، بۇ يەردىكى ھەممە گۈللەپ ياشناۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، بۇ ئولتۇراق رايوندا 77 ياشلىق ئابدۇبەگ مەمەتنى ئۇچراتتۇق، ئۇ كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، ئورۇندۇقتا خاتىرجەم ئولتۇرغانىدى. ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىۋاتقان مۇزىكا ساداسى بىردە راھەت بېغىشلىسا، بىردە ھاياجانغا سالاتتى، ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىمۇ رىتىمغا ئەگىشىپ، ئۆزگىرىپ تۇراتتى.

«ئىلگىرى تاغدا تۇرغاندا، شەھەردىكى ياشانغانلارنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ بەك تەلپۈنگەنىدىم. ھازىر، ئۆزۈممۇ ئاشۇنداق ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتىم» دېدى ئابدۇبەگ.

ئىلگىرى، ئابدۇبەگ تۇرمۇش كەچۈرگەن قىزىلتو يېزىسىنىڭ قاپقا كەنتى تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان بولۇپ، بىر ئائىلە كىشىلىرى تاش ئۆيدە ئولتۇراتتى، ئۆي ئويماندا بولغاچقا زەي پۇراپ تۇراتتى. ئىچىدىغان سۇنى توشۇپ كېلەتتى، تاماقنى ئوتۇن قالاپ ئېتەتتى، تۇرمۇشنى چارۋا بېقىشقا تايىنىپ قامدايتتى، يىل بويى ھېچقانچە پۇل تاپالمايتتى.

نەم مۇھىتتا تۇرغاچقا، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ ئابدۇبەگ بوغۇم ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ، ئۆيدىن چىقالمايدىغان، بىر يەرگىمۇ بارالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. «تاغ ئېگىز ھەم تىك، يېشىم چوڭ، يەنە كېلىپ پۇتۇم ئاغرىيتتى، يىقىلىپ چۈشسەملا چاتاق چىقاتتى.» ئۇ مۇنداق دېدى: ئەسلىدە بىر ئۆمۈر تاغدا ياشاپ ئۆتۈپ كېتەرمەنمۇ دەپ ئويلىغانىدىم، شەھەردىكى ئېگىز بىناغا كۆچۈپ كىرەلەيدىغانلىقىمنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن.

سىلۇ جىيايۈەن ئولتۇراق رايونى ئاقتۇ ناھىيەسىدىكى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئولتۇراق رايوندا مەكتەپ، يەسلى، مەدەنىيەت مەيدانى، سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزى، دۇكان قاتارلىقلار يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ قۇرۇلغان، سۇ، توك، گاز، پار بىلەن تەمىنلەش، تور ئۇل ئەسلىھەلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تولۇق.

«پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتى بولمىسا، بۇ ئۆمرۈمدە تاغ ئارىسىدىن چىقىپ ياشىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى!» 2019 - يىلى 5 - ئاينىڭ بىر كۈنى، مەھەللە كادىرلىرى يېڭى ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى ئابدۇبەگنىڭ قولىغا تاپشۇرغاندا ئۇ يەنىلا ئازراق گاڭگىراپ قالدى. يېڭى ئۆيگە بېرىش يولىدا، ئۇ تاكى ئىشىكنى ئاچقانغا قەدەر ئاچقۇچنى چىڭ سىقىمدىۋالغانىدى.

ھازىر، سىلۇ جىيايۈەن ئولتۇراق رايونىدا تاغ ئارىسىدىن كۆچۈپ چىققان 1170 ئائىلىلىك ئارىخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە ئولتۇرىدۇ، بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن ئاشۇ پەيتتىن باشلاپ، ئۇلار يېڭى تۇرمۇشنى باشلىدى.

تۇرالغۇ مۇھىتى ياخشىلانغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزىدە داۋالىنىپ كۆتۈنگەچكە، بۈگۈنكى كۈندە، ئابدۇبەگنىڭ بوغۇم ياللۇغى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. «ھازىر بالىلىرىمنىڭ خىزمىتى بار، پۇتۇممۇ يېنىكلەپ قالدى، بۇنىڭدىن كېيىن خاتىرجەم كۈتۈنىمەن، تېخىمۇ گۈزەل كۈنلەر تېخى ئالدىمىزدا!» دېدى ئۇ خۇشاللىقتىن ئاغزىنى يۇمالماي.

## بېكىنمىلىكتىن ئېچىۋېتىشكىچە

تۇنجى قېتىم كۆن نۇرى چىقىپ ئويغانغاندا، ھاشىر تايىر تەسەۋۋۇرىدىكىدەك ئۇنداق كۆنەلمەيمۇ قالمىدى. «ئىلگىرى كونا ئۆيىمىز تاغ جىلغىسىدا ئىدى، سىرتتا قۇياش پارلاپ تۇرغان بىلەنمۇ، ئۆي ئىچىگە كۈن چۈشمەيتتى» دېدى ئۇ.

ھاشىر ئىلگىرى نۇرغۇن ئىشلاردا، مەسىلەن، تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قانداق ماسلىشىش، چارۋا باقماي قانداق پۇل تېپىش قاتارلىقلارغا كۆنەلمەسلىكىم مۇمكىن دەپ ئويلىغاچقا، دەسلەپتە ئۆي كۆچۈشكە ئانچە قىزىقمىغانىدى.

«سىناپ باقماي تۇرۇپلا قورقىمىز، ئەجەبا ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ يەردە تارتقان جاپالىرى تېخى يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟» خوتۇنىنىڭ گەپ - سۆزلىرى ھاشىرنى ئويلاندۇرۇپ قويدى.

2017 - يىلى 9 - ئايدا، ھاشىر ئائىلىسىدىكىلەر كۈنلۈن جىيايۈەن ئولتۇراق رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ، يېڭى تۇرالغۇغا ئورۇنلاشتى، ئۇلارغا يەنە پارنىك تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، بۇ ئەسلىدە خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك ئىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قاپىقى ئېچىلمىدى: «ئىلگىرى چارۋىلا بېقىپ باققان تۇرسام، كۆكتات تېرىشنى نەدىمۇ بىلەي!»

«تەربىيەلەيمىز، ئالدىرىماڭ» دېدى كەنت كادىرى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.

بىر قاتار تەربىيەلىنىشتىن كېيىن، ھاشىر تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى ئىگىلەپلا قالماي، تەربىيەچى مۇئەللىم ھەم كۇرسانتلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى.

«ئىلگىرى تاغ جىلغىسىدا تۇرۇۋېرىپ كاللام قېتىپ قالغان ئىكەن. تاغ ئارىسىدىن چىقىپ، ئاندىن سىرتتىكى دۇنيانىڭ قانداقلىقىنى بىلدىم.» ھاشىر ھاياجانلىنىپ مۇنداق دېدى: «كۆپچىلىكنىڭ تىرىشىپ پۇل تېپىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، مەنمۇ تىرىشسام بولغۇدەك».

ھەر كۈنى كۆكتات پارنىكىدىكى ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن ھاشىرنىڭ قولى بوشاپ قالاتتى. بوش ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۇ مەھەللە تەشكىللىگەن ياغاچچىلىق ماھارىتى بويىچە تەربىيەلىنىشكە تىزىملىتىپ قاتناشتى. بۈگۈنكى كۈندە، چۈشتىن بۇرۇن ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىپ، چۈشتىن كېيىن ياغاچچىلىق قىلىپ، ھاشىرنىڭ ئائىلىلىك كىرىمى 5000 يۈەندىن ئاشتى، بۇ، ئۇنىڭ تاغدىكى ئاز كەم يېرىم يىللىق كىرىمىگە تەڭ ئىدى.

6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ھاشىر ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئولتۇراق رايونغا بېرىپ مەكتەپتىن قايتقان بالىسىنى ئالدى.

«ئىلگىرى تاغدا مەكتەپكە بېرىش ئۈچۈن نەچچە كىلومېتىر تاغ يولىدا مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ھازىر مەكتەپ ئىشىكىمىز ئالدىدىلا.» ئۆيىگە قايتىۋېتىپ ھاشىر بالىسىغا مۇنداق دېدى: «ھازىر شارائىتىمىز مۇشۇنداق ياخشى، ئوبدان قەدىرلىشىڭ كېرەك. كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنسەڭ، كېيىن تېخىمۇ يىراق جايلارغا بارالايسەن».

## چارۋىچىدىن ئىشچى بولۇشقىچە

چارلۇك يېزىسى قايىز كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئايگۈل تۇردەمەت 30 ياشقا كىرگىچە ئىزچىل پامىر ئېگىزلىكىدە ياشىغانىدى، تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، قوي - كالا باقاتتى.

«سىرتقى دۇنيا تېز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، لېكىن تاغدا ياشايدىغان بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ۋاقىت توختاپ قالغاندەك ئىدى» دېدى ئايگۈل.

2018 - يىلى، ئايگۈل ئاخىر سىرتقى دۇنيا بىلەن «ئۇچرىشىش» پۇرسىتىگە ئېرىشتى، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسى بولغان سىلۇ جىيايۈەن ئولتۇراق رايونىغا پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن كۆچۈپ كېلىپ، 80 كۋادرات مېتىرلىق بىنا ئۆيدە تۇردى.

باللار بارا - بارا چوڭ بولدى، بۇ دەل پۇل خەجلەيدىغان چاغ. قوي - كالىلارنى بىرلەشتۈرۈپ بېقىشتىن ئايرىلغان پايدىغىلا تايانسا تۇرمۇشنى قامداشقا ھەرگىز يەتمەيتتى. ئۆيدە بىكار ئولتۇرغان ئايگۈل بۇلارنى ئويلاپ غەمگە پاتتى.

مەھەللىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مەھەللە ئاقتۇ جۇڭيىنتۇڭ ئېلېكترون پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنى بۇ جايدا مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرۇشقا كىرگۈزدى.

«مەھەللە كادىرلىرى مېنى زاۋۇتقا بېرىپ ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇردى، زاۋۇت ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدىلا بولغاچقا، ھەم باللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايدىكەنمەن، ھەم پۇل تاپالايدىكەنمەن.» پراكتىكا مەزگىلىدىن كېيىن، ئايگۈل رەسمىي كەسپ ئىشچىسىغا ئايلىنىپ، تىڭشىغۇچ قۇراشتۇرۇشقا مەسئۇل بولدى، ھەر ئايدا 2000 يۈەن كىرىم قىلدى. ھازىر، سىلۇ جىيايۈەن ئولتۇراق رايونىدا 200گە يېقىن ئادەم زاۋۇتتا كىرىپ ئىشلەۋاتىدۇ.

6 - ئايدىكى ئاقتۇ ئاپتاپتا ئوتتەك قىزىپ كەتكەنىدى، سىلۇ جىيايۈەن ئولتۇراق رايونىغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى شىنجاڭ خېباڭ چارۋىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ باقمىچىلىق مەيدانىدىكى قوتاندا، مۇرات جاپپار بورداۋاتقان كالىلارغا يەم بېرىش، سۇ بېرىش، چۆپ يوقىتىشتەك ئىشلارنى چەبدەسلىك بىلەن قىلىۋاتاتتى. گەرچە تەرلەپ كىيىمى ھۆل بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ غەيرىتى يەنىلا ئۇرغۇپ تۇراتتى.

مۇرات ئايگۈلنىڭ ئېرى بولۇپ، بۇ يەردە ئىشقا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئايلىق مۇقىم مائاشى 3000 يۈەن بولدى. «كالا بېقىش مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا كونا كەسىپ، يايلىتىپ بېقىشتىن كۆپ ئاسان.» ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «خىزمەتچى بولسا كىرىم مۇقىم بولىدىكەن، كۆڭلۈمۇ خاتىرجەم بولۇپ قالىدىكەن».

ئەر - خوتۇن بىر نىيەتتە بولسا، ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يەڭگىلى بولىدۇ. ئايگۈل ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىپ، بۇلتۇر نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ھازىر چوڭ قىزى ئىچكىرى رايوندىكى داشۆگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى. ئىككى ئوغلى ناھىيە بازىرىدىكى مەكتەپكە يۆتكىلىپ ئوقۇۋاتىدۇ، كەلگۈسىدىن ئۈمىد بار.

«بىللە ئىشلەيدىغان ئاچا - سىڭىللار بۇ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان خېلىلا چىرايلىق بولۇپ كەتتى، كۆپچىلىك بىللە بېرىپ چېچىمىزنى بۇدۇر قىلدۇق، گىرىم قىلىشنى ئۆگىنىۋالدۇق.» ئايگۈل مۇنداق دېدى: «پەقەت پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭساقلا، ئاندىن دەۋرنىڭ قەدىمىگە يېتىشەلەيمىز، بېخچە تۇرمۇش كەچۈرەلەيمىز».



ئاقتۇ ناھىيەسىدىكى كۈنلۈن جىيايۈەن ئولتۇراق رايونىدىكى كۆچۈپ كەلگەن ئامما ئولتۇراق رايون ئىچىدە ئارام ئالماقتا (6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تارتىلغان).

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ئۆتكۈر نىجات فوتوسى

---

(بېشى 1 - بەتتە)

4 -، 5 - ئايدا ئېشىش ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم 59.1%، 62.1% ئاشقان.

«بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، خەلقئارا ھەمكارلىق رامكىسىدا، جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرقىي ياۋروپا قاتارلىق رايونلاردىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا، ئۇل ئەسلىھە قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىكى پورتلاردىن «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسى بويىدىكى دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنغان ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 36 مىليارد 410 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 10.8% ئېشىپ، شۇ مەزگىلدە شىنجاڭدىكى پورتلاردىن ئېكسپورت قىلىنغان ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 55.1%ىنى ئىگىلىگەن. «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسى بويىدىكى دۆلەتلەرنىڭ سېتىۋېلىش ئېھتىياجى شىنجاڭدىكى پورتلاردا ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېشىشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

ئالدىنقى بەش ئايلىق سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىكى پورتلاردىن ئېكسپورت قىلىنغان ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش دائىرىسى ئەنئەنىۋى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتتىن گېرمانىيە، فرانسىيە قاتارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىگىچە كېڭىيىپ، سودا ھەمراھى جەھەتتە كۆپ مەنبەلەشكەن تەرەققىيات ۋەزىيىتى كۆرۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، گېرمانىيەگە ئېكسپورت قىلىنغان ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 12 مىليارد 470 مىليون يۈەن بولۇپ، 34% ئېشىپ، شىنجاڭدىكى پورتلاردىن ئېكسپورت قىلىنغان ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 18.9%ىنى ئىگىلىگەن.

ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان سانلىق مەلۇماتلارنى ئاپتوماتىك بىر تەرەپ قىلىش ئۈسكۈنىسى ھەم زاپچاسلىرى، ئېلېكتر تېخنىكا ئەسۋابلىرى ۋە ئاۋاز چاستوتىسى ئۈسكۈنىسى ھەم زاپچاسلىرى قاتارلىق مەھسۇلاتلار «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسى بويىدىكى دۆلەتلەرنىڭ چوڭقۇر قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن.

ئالدىنقى بەش ئايدا، شىنجاڭدىكى پورتلاردىن ئېكسپورت قىلىنغان ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات ئېكسپورت قىممىتى 37 مىليارد 610 مىليون يۈەن بولۇپ، ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 57%ىنى ئىگىلەپ، ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا ئېكسپورت قىلىدىغان ئاساسلىق قوشۇنغا ئايلاندى. چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئېكسپورت قىممىتى 21 مىليارد 710 مىليون يۈەن بولۇپ، ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 32.9%ىنى ئىگىلىدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

8000 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى يۆنىلىشلىك قۇدۇقتا، بۇرغىلاش ئۈسكۈنىلىرى «خېمىردەك يۇمشاق» بولۇپ كېتىدۇ، قۇدۇق بۇرغىلاشتا جابدۇق كەمچىل بولۇش، قۇدۇق كۆزى يولىنى كونترول قىلىش قىيىن بولۇش قاتارلىق قىيىن نۇقتىلار مەۋجۇت. بۇنىڭ ئۈچۈن، غەربىي شىمال نېفىتلىكى تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈر گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، كۆپ يىل ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، سۇركىلىشنى تۆۋەنلىتىپ قارشىلىقنى ئازايتىش جابدۇقلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش، سىمسىز ھالەتتە بۇرغىلاشقا ئەگىشىپ ئۆلچەش جابدۇقلىرىنى ياخشىلاش، قۇدۇق كۆزى يولىنى ئىنتايىن توغرا كونترول قىلىش ۋە گورىزونتال قۇدۇقنىڭ بىخەتەر ئۇزارتىلىشىنى باھالاش بىر گەۋدە قىلىنغان ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر گورىزونتال قۇدۇق بۇرغىلاش تېخنىكىسىنى شەكىللەندۈردى، بۇ، بۇرغا ئۇچىغا توغرا يول باشلاش سىستېمىسى ئورناتقانغا باراۋەر بولۇپ، 8000 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى يەر ئاستى ئۈچ ئۆلچەملىك بوشلۇقتا «قەيەرنى كۆرسەتسە شۇ يەرنى بۇرغىلاش»نى ئىشقا ئاشۇردى.

بۇرغا ئۇچى بىلەن يۆنىلىش بەلگىلەپ نېفىت تېپىش نېفىت زاپىسىنى ئېچىش ئۈنۈمىنى ئاشۇردى. شۇنبېي 55X قۇدۇقنى بۇرغىلاپ چارلاشتا، تېخنىك خادىملار تۇنجى قېتىم ئۈسكۈنىلەرنىڭ تېمپېراتۇرىغا بەرداشلىق بېرىشى، مېخانىكىلىق پومپا شارائىتى قاتارلىق كۆپ خىل ئامىلنىڭ چەكلىمىسى ئاساسىدىكى ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر گورىزونتال قۇدۇقتا بىخەتەر بۇرغىلاشنى باھالاش ئۇسۇلىنى بەرپا قىلىپ، قايتا - قايتا تەقلىدىي تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، شۇنبېي 55X قۇدۇقنىڭ گورىزونتال ئورنىنى يۆتكەش ئارىلىقىنى 600 مېتىردىن 900 مېتىرغا ئۇزارتىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى باھالاپ، چارلاش مەقسىتىنى ئاخىر ئىشقا ئاشۇردى.

ئۇۋاق يەر قاتلىمىنىڭ گۇمۇرۇلۇشى دۇنياۋى قىيىن مەسىلە، شۇنداقلا شۇنبېي ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر قۇدۇقنى بىخەتەر بۇرغىلاشتىكى «يول توسار يولۋاس». تېخنىك خادىملار خىمىيەلىك قاتتىق تام، نانومېتىرلىق ئېتىش، ئۆزلۈكىدىن سۇمۇرۇلۇشنى تۆۋەنلىتىشتەك كۆپ خىل تېخنىكىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ مەنبەلىك ماسلىشىپ قۇدۇق تېمىنى مۇقىملاشتۇرۇش يېڭى تېخنىكىسىدا يېڭىلىق ياراتتى ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىپ ئاچتى. 500 گۇرۇپپىدىن ئارتۇق ئۆي ئىچىدە تەجرىبە سىنىقى قىلىش ۋە ئەلالاشتۇرۇش ئارقىلىق، شۇنبېي 55X قۇدۇقنىڭ سىلۇر سىستېمىسىدا، ساڭتام گۇمۇرۇلگەن يەر قاتلىمىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللىنىلىشى قۇدۇق بۇرغىلاش جەريانىدا ئېقىپ كېتىش ۋە گۇمۇرۇلۇش كۆرۈلمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئالدىنقى يېرىم يىلدا، شۇنبېي نېفىتلىك - گازلىقى جەمئىي 2 مىليون 67 مىڭ 900 توننا خام نېفىت، 625 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقارغان، نۆۋەتتە كۈنىگە 2773.8 توننا خام نېفىت، 964 مىڭ 300 كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىۋاتىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ تۆۋەن چەك ۋەزىپىسى. يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنىڭ خەتەرلىك ئۆيدە تۇرۇش تارىخىنى ئۈزۈل - كېسىل ئاخىرلاشتۇرۇش، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تاماملاش... دەل مۇشۇنداق نامراتلىق قورغىنىنى بىر - بىرلەپ ھۇجۇم قىلىپ ئېلىش مۇساپىسىدە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش مۇستەھكەم ئۇللۇق تىرەككە ئېرىشتى. مىكرو جەھەتتىن قارىغاندا، بارغانسېرى كۆپ نامرات ئامما ئىككى قولى ۋە تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا ماڭدى، ھەربىر ئائىلە گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ھاللىق سەۋىيەگە قاراپ ئاتلاندى... دەل ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئارزۇسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىكى مۇشۇنداق تىرىشچانلىقى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بېغىشلىدى.

ئەمەلىي ئىشلەش ئەڭ ئاددىي مېتودولوگىيە، جاپالىق ئىشلەش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئەڭ ئاددىي سىرى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ جەڭ نەتىجىسى، بۆلگىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەشنىڭ نەتىجىسى، يېزا - كەنتلەرنى تۈزەشنىڭ مول نەتىجىسى... تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى تەستە قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنىڭ ئۆزى «ئەمەلىي ئىشلىگەندىلا ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ جانلىق ئىزاھاتى، «تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە قوشۇننى قەتئىي قايتۇرماسلىق» دېگەن سۆزنىڭ كۈچلۈك ئىزاھاتى. پەقەت ئۇيۇل تاشتەك چىڭ ئىشەنچ، پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان غەيرەت، قەتئىي بوشاشمايدىغان ئىرادە بىلەن قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە جۈرئەت قىلىپ، «ئاچقۇچلۇق مۇساپە»نى پۇختا باسقاندىلا، بىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ «پۇقرالار بەك جاپا - مۇشەققەت چەكتى، خاتىرجەملىككە ئېرىشىدىغان چاغ كەلدى» دېگەن ئىستىكىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالايمىز.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)